جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىناق، دوستانە ئۆتۈشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن ۋە زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ ئورتاق يېتەكچىلىكىدە، ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچىسى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆزئارا قەتئىي سىياسىي مەدەت بەردى، ھەرقايسى ساھەدىكى ھەمكارلىقتا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا قويۇق ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ئىشىنىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، ھەمكارلىشىش سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى، ئىستراتېگىيەلىك قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر گۇرۇپپا چوڭ دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى قوغداشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ يىل 6 - ئايدا، مەن رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم، بۇ مەزگىلدە مەن زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى جاكارلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تارىخىي مۇساپىسىنى باشلىدۇق، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇدى، ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بويىچە ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن. جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا تىلەكداشمەن، جۇڭگو - رۇسىيە دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشىغا تىلەكداشمەن.

پۇتىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مەن ئەڭ سەمىمىي تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. دۆلىتىمىز تۇنجى بولۇپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم دەرھال يېڭى جۇڭگو بىلەن ئەڭ قويۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان دۆلەت. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، ئېنىق كۆرسىتىشكە بولىدۇكى، رۇسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى تەرەپ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىدىكى سىياسىي سۆزلىشىش مەزمۇنلىرى تولۇقلاندى ھەم ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك تەشكىلات رامكىلىرى ئىچىدە قويۇق ھەمكارلىشىپ، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ تۈرتكە بولدۇق. ئىشىنىمەنكى، بىز ئورتاق تىرىشىپ رۇسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ھەم پۈتۈن دۇنيانىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز. قەدىرلىك دوستۇم، تېنىڭىزنىڭ سالامەت، خىزمىتىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن. جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختلىك، ئامان ۋە سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەنمۇ ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، رۇسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ھەمكارلىق ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا، رايون ئىشلىرىدىكى ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، رايون ھەتتا دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ.

مېدۋېدېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل بىز رۇسىيە - جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەيمىز. رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى، ئېنېرگىيە، سانائەت، قاتناش ئۇل ئەسلىھەسى، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، ئەمەلىي ۋە ئادەمىيەت ئالاقىسى ھەمكارلىقى سىجىل كېڭەيدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچ پارتىيەمىزگە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى خىرىس، يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان تۈرلۈك ئامىللار ناھايىتى كۈچلۈك خەۋپ خاراكتېرىگە ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا، ھەم دەسلەپكى ئاساسنى پۇختىلاش، ھەم يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ھەم ئاچقۇچلۇق مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش، ھەم ئومۇمىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش، بولۇپمۇ ئۆزۈل - كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئاۋانگارتى، مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشى، باشتىن - ئاخىر ماركسىزملىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇشى، ئۆزى جەزمەن باشتىن - ئاخىر قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. قانداق قىلغاندا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولغان بولىدۇ؟ بۇنىڭدا دادىللىق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، دادىللىق بىلەن پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، دادىللىق بىلەن سۆڭەكنى قىرىپ يارىنى داۋالاپ، دادىللىق بىلەن كەسكىن ئىش كۆرۈپ، بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزىدىن چىقىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. مانا بۇ نېمە ئۈچۈن پارتىيەمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشىنىڭ تۈپ ئەھمىيىتىدۇر.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشتا، جەزمەن «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»نى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئۆلكە، مىنىستىرلىق دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئېتىقادتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، مەسئۇلىيەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، ئىقتىداردا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار «ئۈچتە تەلەپچان، ئۈچتە راستچىل بولۇش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى، بارلىق خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈپ، بىر خىل ئادەت يېتىلدۈرۈشى، بىر خىل مەنزىلگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

# چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

نىلقا ناھىيەسىدىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دىققەتنى ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۆت كۈن مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلىپ، ئۆز خىزمىتى، مەسئۇل ساھەسى ۋە ھۆددىگە ئالغان، ئالاقىلىشىدىغان ئورۇنلارنى چۆرىدەپ، ئىككى قېتىم مەركەزلىك پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ بىر تەرەپتىن تۈزەتتى، بىر تەرەپتىن قىلىپ بىر تەرەپتىن ئويلاندى.

تېكەس ناھىيەسى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيە شەكلىنى بېيىتىشقا كۈچەپ ئامال - چارە ئىزدەپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللاندى. بىر قەدەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، تەۋەلىك رايون باشلىقى مەركەزلىك بايراق چىقىرىش نۇقتىسىدا، پارتىيە ئەزالىرى مەركىزىي ئائىلىسىگە يېقىن جايدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى؛ كۆچمە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئۈندىدارىدا يوللاش، سىن ئۇلاش ئارقىلىق ھەمتۈرتكە بولۇپ ئۆگىنىش شەكلىنى قوللاندى؛ چارۋىچىلىق كەنتىنىڭ قاتنىشى قولايسىز، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغاچقا، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئاتلىق ئەترەت، موتوسىكلىت ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئۆيمۇئۆي بېرىپ پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆگىنىشنى يەتكۈزدى. بۇ ناھىيە كۆپ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيەنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 1200دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەركەزلىك ئۆگىنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۆگىنىش - تەربىيەدە بىرىنمۇ كەم قالدۇرماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

غۇلجا شەھىرى قازانچى كوچا باشقارمىسى نۇرلۇق كوچىسى مەھەللىسى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» «1+N پۈتۈن رايون پارتىيە قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى مەھەللىدىكى تارىخ ئۆگىنىش، تارىخ بىلىش سارىيىدا تەۋەلىكتىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىغا پارتىيەگە كىرىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنى سۆزلەش، مىننەتدارلىق ھېكايىسىنى سۆزلەش، پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرى قاتارلىقلارنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، تەۋەلىكتىكى ھەرىكىتى قولايسىز 13 پارتىيە ئەزاسىغا ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

كۈنەس ناھىيەسى كۈنەس بازىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىلىرى باش تېما تەربىيەسىنى ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەھەللە «چوڭ پارتكوم» نىڭ ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشتا يېتەكچىلىك قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك ئاممىۋى سۇپا بايلىقىنى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلدى، مەھەللىلەردە تورلاشتۇرۇپ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، توردا «پارتىيە - ئامما رىشتە باغلاش نۇقتىسى»نى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدا «تولۇق قاپلاش، يوچۇق قالدۇرماسلىق»، مەھەللە مۇلازىمىتى، باشقۇرۇشىدا «پۈتۈن مەزگىللىك، نۆل ئارىلىق» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## ■ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەلرايىنى ئاڭلاش

باش تېما تەربىيەسىدە، ئىلى ئوبلاستىدىكى ناھىيە، شەھەر (رايون)، يېزا - بازار، كوچا باشقارمىسى ۋە كەنت (مەھەللە) لەر ھەم نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەپ تۇتتى، ھەم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىكىر بېرىش يولىنى كەڭ ئېچىپ پىكىر ئاڭلاپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

قورغاس شەھىرى خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، 18 كەنت (مەھەللە)تە ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلىپى بويىچە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. ھازىرغا قەدەر، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلىپىدىن 120نى توپلاپ، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى شەكلى ئارقىلىق 98نىنى ھەل قىلدى، 22سى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

«بولتۇر، بىز مەھەللىگە ئىنكاس قىلغان تەبىئىي گاز ئۇلاش ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىش ئىشى ھەل بولدى، بۇنىڭدىن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئېچىلدى، مەھەللە ئەتراپىغا يەنە يېڭىدىن بىرقىسىم چېنىقىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىپ بېرىش ۋە تەنتەربىيە مەيدانى سېلىپ بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ قىسمەن ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدىكى پارنىڭ ئىسسىماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.» 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، قورغاس شەھىرى ئاسىيا - ياۋروپا شەرقىي يولى كوچىسى يىپەك يولى مەھەللىسىدە ئېچىلغان ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلىپى بويىچە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، مەھەللە ئاھالىسى ياڭ يەنچياۋ مەھەللە كادىرلىرىغا يېڭى دەۋا تەلىپىنى ئېيتتى. قورغاس شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يىپەك يولى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاۋ جېن نەق مەيداندا ياڭ يەنچياۋنىڭ دەۋا تەلىپىگە جاۋاب بېرىپ، تېزدىن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى ئىلى شېنجۇ ترانسپورت چەكلىك شىركىتى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك شۆبە شىركىتى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، نەسىللىك قوي فېرمىسى تەۋەلىك رايوننى باشقۇرۇش كومىتېتى توخەيبى مەھەللىسىدە ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇس بېكىتى تەسىس قىلىپ، ئەتراپتىكى 112 نەپەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىخەتەر يول يۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

توققۇزتارا ناھىيەسى باش تېما تەربىيەسى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە «يېرىم - يارتا قىلىش»، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش، مەسىلىنى سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ماددىمۇ ماددا، تۈرمۇ تۈر «سالامەتلىكنى تەكشۈرۈپ»، مەخسۇس تۈزىتىش لايىھەسى تۈزدى.

ھازىرغا قەدەر، ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ئورۇنلار تۈرلۈك پىكىر - تەكلىپتىن جەمئىي 280دىن كۆپرەكىنى توپلىدى، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلىپىدىن 6949نى توپلاپ، 6153نى ھەل قىلدى؛ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشتىن 27 مىڭنى بېجىردى، 1 مىليون 184 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىش - يۆلەش مەبلىغى ئاجراتتى.

# ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار يولى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنى تاماملاپ، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ بارلىق تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىگە تۈپ سىياسىي ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ ۋە تۈزۈم ئاساسى سېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئۈزلۈكسىز خارابلىشىشتىن تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، گۈللىنىش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ سىجىل مېڭىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«شەرق شامىلى باھارنى چىللاپ كېلىدۇ». 1978 - يىلى 12 - ئايدا، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلىپ، ھەيۋەتلىك باھار شامىلىدەك جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىدى. پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى، ئۇلۇغ ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە تۈزۈلمە توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىپ، خەلقئارادىكى ئورنىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، جۇڭگونى چوڭ قەدەم بىلەن دەۋرگە يېتىشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«دېڭىز بىپايان كۆرۈنمەس چېتى، مەنزىلگە قاراپ ماڭىمىز تېخى.» پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غايەت زور سىياسىي جاسارىتى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىماقچى بولسىمۇ، ھەل قىلىنمىغان بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ، ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بىرمۇنچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، «دەۋرگە يېتىشىۋېلىش»تىن «دەۋرگە يېتەكچىلىك قىلىش»تەك ئۇلۇغ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

تارىخنى ھەمىشە يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۈتۈۋالدى. دەل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىلدىن ئارتۇق ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىكى سىجىل ئىزدىنىش داۋامىدا، پارتىيە ۋە خەلق مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۈرلۈك بەدەللەرنى تۆلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىشتىكى مۇقەررەر يول، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇقەررەر يول. پارتىيەنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنىدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا ئەڭ تۈپ بولغىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش. پۈتۈن پارتىيە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەم بېكىنمە قاتمال كونا يولدا ماڭماي، شۇنداقلا بايراق ئالماشتۇرىدىغان قىڭغىر يولدىمۇ ماڭماي، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

شۇ ئىزلار ئاشۇ تاغنىڭ ھۆسنىگە بېرىپ زىننەت، بۈگۈن ئۇ كۆرۈنمەكتە تېخىمۇ گۈزەل - ھەيۋەت. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز گۈللەپ راۋاجلاندى، يۈز مىليونلىغان خەلق قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئىرادىنى پۈكۈپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك: «بىز ئۆزىمىزنىڭ يولىدا ماڭساق، تەڭداشسىز كەڭ سەھنىگە ئىگە بولىمىز، تەڭداشسىز چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولىمىز، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىگە بولىمىز»!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10- ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**